شىنجاڭ گېزىتى
شىنجاڭ گازەتى
新疆日报

2021 - يىل 1 - ئاي
4
دۈشەنبە
维吾尔文 1 月4日
25296 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57   تىيانشان تورى: www.ts.cn

«شى جىنپىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغان نامرات كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خاتىرىسى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى «شى جىنپىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يېتەكچىلىك قىلغان نامرات كەنتلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش خاتىرىسى» يېقىندا خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە تارقىتىلدى.

بۇ كىتاب 17 پارچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتى ۋە ئۈچ قىسىملىق تېلېۋىزىيە مەخسۇس فىلمى سىن ئىككىلىك كودىدىن تەركىب تاپقان. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى 14 مەركەزلىك تۇتاش ئالاھىدە نامرات رايونلارغا بېرىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

قىزىل بايراقنى جەۋلان قىلدۇرۇپ چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈش

—— يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوغا يول باشلاپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى**

«پارتىيە قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغان چاغدا، 1 مىليارد نەچچە يۈز مىليون نوپۇسقا نەپ يەتكۈزىدىغان تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ھاللىق جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىمىز».

ئىلگىرى باشقىلارنىڭ خالىغانچە تالان - تاراج قىلىشى، بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان بىر مىللەت ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى، مۇقەررەركى، تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت يېتىپ كەلگەن پەيتتە، تۈرلۈك داۋالغۇش، خىرىسلاردىن قورقۇش نەھاجەت.

يېڭى دەۋرگە كىرگەن، بولۇپمۇ «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا جەزمەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك. تاماملىنىش پەيتى بولغان 2020 - يىلدا تۈمەن تۈلپار ھېلىھەم جەڭنى توختاتمىدى.

جان تىكىپ ئېلىشىش ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسى قەرەلىدە تاماملاندى!

جان تىكىپ ئېلىشقاندا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسىدىن ئۈمىد بار!

قاتمۇقات تاغلار يولىمىزنى توسسىمۇ، قىزىل بايراقنى جەۋلان قىلدۇرۇپ چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتىمىز.

(1) «شامالغا قارشى پاراخوت» ھەيدەش

ۋاقىت ئىستىرېلكىسى 21 - ئەسىرنىڭ ئۈچىنچى ئون يىلىنى كۆرسەتتى، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ گۈللىنىشتىن ئىبارەت ئاچقۇچلۇق مۇساپىگە ئاتلاندى.

بۇ، قارىماققا ئوڭۇشلۇق باشلىنىشتۇر.

2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. رەڭدار بۇلۇتلار جەنۇبقا سۈرۈلدى، ئىللىق شامال ۋە كۈن نۇرىدا ھەممە خۇشاللىققا چۆمدى.

يېڭى يىلدىكى تۇنجى زىيارىتىنى ئەمدىلا ئاياغلاشتۇرغان باش شۇجى شى جىنپىڭ بىرمىدىن دۆلەتكە قايتىپ كېلىپلا ئۇدۇل يۈننەنگە بېرىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئومۇمىي ھەل قىلغۇچ جېڭىنى يەنە بىر قېتىم ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

مۇشۇ پەيتتىكى جۇڭگو تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، يەنە بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلىش ئىرادىسىگە كەلدى.

ئىلگىرى كىشىلەر قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇقەررەر مۈشكۈل، بۇنى باش شۇجى خېلى بۇرۇنلا پەرەز قىلىپ بولغانىدى.

«جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ھەرگىزمۇ ئاسانلا، داقا - دۇمباق چېلىپلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ.» پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم پۈتۈن پارتىيەدىكىلەرنى جەزمەن خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تىنچ شارائىتتا تۇرغاندىمۇ خەۋپ - خەتەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتەيلى

—— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2021 - يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىنىڭ ئىلھامى بىلەن ③

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

«ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تەرەققىيات مۆجىزىلىرىنى ياراتتى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېخىمۇ زور جاسارەت بىلەن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ ‹باھار ھېكايىسى›نى داۋاملىق يېزىش كېرەك.» رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مەردانە سۆزى ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچكە تولغان بولۇپ، ئىشەنچ ۋە ئىپتىخارلىقنى نامايان قىلىپ، بىزنى يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىشتەك كۈرەش قىياپىتى، بوران - چاپقۇنمۇ توسۇپ قالالمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى.

2020 - يىلى، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي ئالغا سىلجىتتى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرما قىلغان 50 نۇقتىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىسى ۋە باشقا 75 ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار 143 ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى تاماملىدى، ھەرقايسى تەرەپلەر 268 ئىسلاھات لايىھەسىنى چىقاردى. بۇ بىر يىلدا، بىز شېنجېن قاتارلىق ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلار قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى، شاڭخەي پۇدۇڭنى ئېچىش - ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدۇق. ئىسلاھاتنىڭ توختاپ قالماسلىقىغا، ئېچىۋېتىش قەدىمىنىڭ توختاپ قالماسلىقىغا تۈرتكە بولدۇق. نەنخەي دېڭىز ساھىلىدا باھار دولقۇنى مەۋج ئۇردى، شېنجېن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق بىر قوللۇق بەرپا قىلغان يېپيېڭى شەھەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر ۋاراق ئاق قەغەزدىكى ئېسىل نامايەندىسى؛ خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويى گۈزەللىككە، رەڭدارلىققا تولدى، پۇدۇڭ ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان رايوندىن فۇنكسىيەسى تولۇق، مۇھىم ئامىللىرى تولۇق، ئەسلىھەلىرى ئىلغار بولغان بىر زامانىۋى يېڭى شەھەرگە ئايلاندى. رەئىس شى جىنپىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن «ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكلەشكە ئايلاندى، يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش يېڭىلىق يارىتىپ يېتەكلەشكە ئايلاندى» دەپ ماختىدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ياراتقان تەرەققىيات مۆجىزىلىرىدىن ھاياجانلاندى.

پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مىسلىسىز ئىرادە ۋە سالماق بىلەن ئىدىيە، قاراشتىكى ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، تۇراقلىشىپ قالغان مەنپەئەت توسۇقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈلمە - مېخانىزم ئىللەتلىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، تاشقى مۇھىت ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن خەۋپ - خەتەر،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 100 مىليون كىلوۋاتتىن ئاشتى

پاكىز ئېنېرگىيە 40%نى ئىگىلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر دۇ گاڭ) 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنىگە قەدەر، شىنجاڭنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 100 مىليون كىلوۋاتتىن ئېشىپ، 102 مىليون 500 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پاكىز ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 43.4%كە يېتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ «غەربنىڭ توكىنى شەرققە يەتكۈزۈش» ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى مۇھىم بازىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مۇخبىرنىڭ دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ئوت ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 58 مىليون 586 مىڭ كىلوۋاتقا، سۇ ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 7 مىليون 108 مىڭ كىلوۋاتقا، شامال ئېلېكتر گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 23 مىليون 551 مىڭ كىلوۋاتقا، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 12 مىليون 59 مىڭ كىلوۋاتقا،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

مېنىڭ بەش يىللىق يىرىك پىلانىم

تىيانشان خۇڭشۇسىنىڭ «داڭقى»نى ئىچكىرى رايونلاردا چىقىرىمەن

بايان قىلغۇچى: ئۈرۈمچى جىنشىن فۇنۇڭ كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى شۇ زېڭشيۇ

بەش يىل ئىلگىرى، مەن ئىچكىرى رايونلاردىن شىڭگۇاخۇڭ ئەلا سورتلۇق خۇڭشۇسىنى كىرگۈزگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) چىڭگېداخۇ يېزىسى تىيانشان كەنتى ئەتراپىنىڭ تۇپراق سۈپىتى ۋە كۈن نۇرى شارائىتى يامان ئەمەس بولغاچقا، بىز سۈپىتى ئەسلىي ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايدىكىدىنمۇ ياخشى بولغان تىيانشان خۇڭشۇسىنى ئۆستۈردۇق. ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىز «جياڭشەنگۈك» سۈپەتلىك ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇپ، تىيانشان خۇڭشۇسىنى ئىنچىكە تاللاپ ئوراپ قاچىلىدۇق.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

سكانىرلاپ سىنىنى
كۆرۈڭ

新疆日报 石榴云 天山网 www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团

ئىشنى ياخشى باشلايلى قەدەمنى ياخشى ئالايلى

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى چەكسىز ئىپتىخارلاندۇردى ——

پەيتنى قولدىن بەرمەي، شىجائەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى**

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، رەئىس شى جىنپىڭنىڭ يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار، ئاممىا ئارىسىدا قىزغىن ئىنكاس قوزغاپ، كىشىلەر قەلبىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: يول ئۇزۇن، كۈرەش داۋاملىشىدۇ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى باشلاندى، پەيتنى قولدىن بەرمەي، شىجائەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق تارىخ يارىتىپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق كەلگۈسىنى يارىتىپ، قاينام - تاشقىنلىققا تولغان دەۋر يۈكسەك رەسىمدە داۋاملىق يېڭى سەھىپە پۈتىمىز.

ئالقىشلاش:

ھەربىر كۈرەش قىلغۇچى ئۈچۈن

«2020 - يىلى 11 - ئايدا، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئون نامرات ناھىيە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپىقى ئېلىۋېتىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلتۈرۈلدى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلدى.» ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كۆزەتكۈچىسى چېن لىپى مۇنداق دېدى: رەئىس شى جىنپىڭ ئۆتكەن بىر يىلدا كۈرەش قىلغان، جان تىكىپ ئېلىشقان ھەربىر جۇڭگولۇققا مەدەت بەردى، يېڭى بىر يىلدا، بىز داۋاملىق كۈرەش قىلىش ھالىتىدە ئاتلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ گۈزەل داستانىنى تىرىشىپ پۈتىمىز.

دۆلەت يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى بولغان ساۋەن ناھىيەسىنىڭ شىگوبى بازىرىدا، ئاشلىق تېرىش چوڭ ئائىلىسى بولغان چېن چېڭلى بۇ يىللىق ئۇچقۇچسىز ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇلتۇر مەن تېرىغان 340 مو كۆزگى بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئالدىم، بۇ يىل ئۇچقۇچسىز ئايروپىلان قاتارلىق زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىپ، دۆلەتكە كۆپرەك ئاشلىق تاپشۇرۇپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كۈچ قوشىمەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

سانجى شەھىرىدىكى شەھەر - يېزا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرى مائارىپ بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىلەندى

«تاغلىق بالىلار» شەھەر مائارىپىدىن بەھرىلەندى

5 - ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى گې يۈۋجۈن ئىختىيارىي مۇخبىر ۋاڭ ۋېي**

ئوقۇتۇش بىناسى رەتلىك، پاكىز، زامانىۋى بولۇپ، كىتاب ئوقۇغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى، پۇتبول مۇسابىقىسى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، قەغەز قېيىش دەرسى قىزىقارلىق ئۆتۈلۈۋاتاتتى... 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، چارۋىچى قانات ئاشات سانجى شەھىرى ئاشلى يېزىلىق مەركىزىي مەكتەپتە دەرس ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھاياجانلىنىپ: «ھازىرقى ئوقۇتۇش بەك ياخشى ئىكەن، ھېچكىم بۇنى چارۋىچىلىق رايونىدىكى مەكتەپ دېمەيدۇ» دېدى.

قانات ئاشات سانجى شەھىرى ئاشلى يېزىسى ئەرداۋشۇي كەنتىدىكى چارۋىچى بولۇپ، بۇ ئىككى يىلدا كەنتتە دېھقانلار ئارامگاھى ئاچتى. ئۇ بۇ يىل تېخى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ پۇتۇڭخۇادا خېرىدارلار بىلەن بىمالال پاراڭلىشالايدىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ كىچىك يارىدەمچىسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

«مەكتەپنىڭ مۇھىتى ياخشى ئىكەن، مۇئەللىملەر ياخشى ئوقۇتىدىكەن، بالىلار بۇ يەردە شەھەردىكىلەرگە ئوخشاش ئوقۇيدىكەن، مەن خاتىرجەم بولدۇم!» دېدى قانات خۇشال ھالدا.

قانات ئاتا - بالا پاراڭلىشىۋاتقاندا، ئوقۇتقۇچى گاۋ شەن كېلىپ قالدى، ئۇ سانجى شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. 2020 - يىلى 9 - ئايدا، مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، گاۋ شەن ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى جىڭ لىلى بىلەن بىللە ئاشلى يېزىلىق مەركىزىي مەكتەپكە «مائارىپقا ياردەم بېرىش»كە كەلگەنىدى.

2018 - يىلى، سانجى شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئاشلى يېزىلىق مەركىزىي مەكتەپ بىلەن «ئوقۇتۇش ئورتاق گەۋدىسى» بولۇپ بىرلىشىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

كىتابخۇمارلار

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تىيانشان رايونىدىكى بىر كىتابخانىدا كىتاب تاللاپ سېتىۋالماقتا. يېڭى يىللىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، نۇرغۇن ئاتا - ئانا بالىلىرىنى كىتابخانىلارغا ئېلىپ بېرىپ، كىتاب ئوقۇش خۇشاللىقىدىن بەھرىلەندۈردى. ☐ جاڭ شيۇكې فوتوسى